


نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

بىرىنچى سەپتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ⑩

قاپقا كەنتى:

# تاغدىن كۆچۈپ چىقىپ ئاسمان - زېمىن يېڭىلاندى



**【ئاخبارات سىزمىسى】**

5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاقتۇ ناھىيە بازىرىدىكى سىلۇ جىيايۈەنگە كۆچۈپ كەلگەن قىزىلتو يېزىسىنىڭ قاپقا كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە بۇسەلىمە ھاجى شۇ كۈنلۈك تىجارىتىگە تەييارلىق قىلماقتا.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز مۇختەر ئەپىرى سىزغان

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ليۇ شياڭ، ئۆتكۈر نىجات، سۈن يۈن، لۇ يىخەن

كونىلاردا شۇ يەرنىڭ سۈيى، تۇپرىقى شۇ يەردىكىلەرنى باقىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. ھالبۇكى، ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ قىزىلتو يېزىسى قاپقا كەنتىدىكى «سۇ، تۇپراق» ئاللىقاچان تەرەققىياتتىكى بوغما ھالەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. تاغ ئېگىز ھەم تىك، مۇھىتى ناچار بولغاچقا، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدا قاتمۇقات قىيىنچىلىق بولۇپ، ئۇزاق مۇددەت نامراتلىق ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى.

نامراتلىق جانغا پاتقاندا ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئىستىكى پەيدا بولىدۇ. نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇقەررەر يولى بولۇپ قالدى. يەر ئالماشتى، قاپقا كەنتى يېڭى تۇرمۇشنى كۈتۈۋالدى.

## يېڭى ماكان، يېڭى ئۈمىد

قاپقا كەنتى ناھىيە بازىرىدىن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتا، يولنى ھەر يىلى يامغۇر پەسلىدە ھەر يىلى كەلكۈن ئېلىپ كېتىپ بۇزۇۋېتىدۇ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل بولۇپ، مېڭىش قىيىن.

كىشىلەر توك يوق، سۇ كەمچىل تاش ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، كالا تېزىكى قالاپ ئىسسىناتتى، ئېشەك، ئاتقا تايىنىپ يول يۈرەتتى.

ھاياتىنىڭ ئالدىنقى 40 يىلىدا، سىدىق ساتىۋالدى بىر ئائىلىلىكنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۇسۇلى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 مېتىردىن ئاشىدىغان چارۋىچىلىق نۇقتىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىش بولۇپ، تۇرمۇشى جاپالىق، كىرىمى ئاز ئىدى. تۇرمۇش مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ دەپ قارايتتى. بىر كۈنى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئوتلاقچىلىق خىزمەت پونكىتىدىن قاپقا كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى سادىق يولداش ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ناھايىتى تېزلا بۇ يەردىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ، يېڭى جايغا كۆچۈپ بارىسىلەر.

سىدىقنىڭ تەبىئىي ئىنكاسى قارشىلىشىش بولدى: «بۇ، مەن ئۇزاق يىل تۇرمۇش كەچۈرگەن جاي، ھەر كۈنى قوي، كالىلارنى كۆرسەم كۆڭلۈم ئەمىن تاپىدۇ. كۆچۈپ نەگە بارىمىز؟» «كالا، قويلارنى باقىدىغان ئادەم بار، مۇۋاپىق خىزمەتكە ئورۇنلىشىسىلەر، تۇرالغۇلار ھازىرقىدىن ياخشى بولىدۇ، تاپىدىغىنىڭلارمۇ ھازىرقىدىن كۆپ بولىدۇ، يەنە كۆچمەمسىلەر؟» دېدى سادىق.

سىدىق يەنىلا ئانچە قىزىقمىدى.

سىدىقتا ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن، سادىق ئۇنى ئېلىپ بېرىپ ئەمەلىيەتنى كۆرسىتىش قارارىغا كەلدى.

نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش نۇقتىسى سىلۇ جىيايۈەنگە كەلگەندە، سىدىق ئىختىيارسىز ھاڭ - تاڭ قالدى — يېڭىدىن سېلىنغان تۇرالغۇ ئۆيلەر قاتار - قاتار بولۇپ، يەسلى، باشلانغۇچ مەكتەپ، دوختۇرخانا، دۇكان، مەدەنىيەت مەيدانى قاتارلىق يانداش ئەسلىھەلەر تولۇق ئىدى، پۈتۈنلەي شەھەرلىكلەرنىڭ ياشاش مۇھىتى ئىدى.

«80 كۋادرات مېتىرلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆيىگە سۇ، توك، پار تولۇق سەپلەنگەن، چۆشۈك، تاغدا يەنە جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋەرمەي، يېڭى تۇرمۇشتىن ئوبدان بەھرىلىنىڭ.» كۆز ئالدىدىكى ھەممىگە سادىقنىڭ سۆزلىرى قوشۇلۇپ، سىدىقتا ئۇنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىش تەس بولغان روھىي ھالەت بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش پۇرسىتى ئىچىدىن بىرىنى تاللاش كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

2019 - يىلى 5 - ئايدا، سىدىق بىر ئائىلە كىشىلىرى لىق ئۆي سايمانلىرى بېسىلغان يۈك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ، تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئۆيىدىن ئايرىلدى. ئۇ يول بويى توختىماي كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قىيماسلىق بار، لېكىن تېخىمۇ كۆپ بولغىنى يېڭى تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىد ئىدى.

قاپقا كەنتىدە يەنە 281 كىشى سىدىققا ئوخشاش تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ تاغ ئىچكىرىسىدىن چىقىپ، سىلۇ جىيايۈەن ۋە كوئېنلۈن جىيايۈەندىن ئىبارەت ئىككى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش نۇقتىسىدا ئولتۇراقلىشىپ، تولۇپ - تاشقان ئۈمىد بىلەن يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى.

## يېڭى ئىدىيە، يېڭى تۇرمۇش

نامراتلىقتىن قۇتۇلالايدىغان بولۇش كۆچۈپ چىقىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، شۇنداقلا مۇقىم تۇرالايدىغان بولۇشتىكى تىرەك. خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى كۆچۈرۈلگەنلەرگە بولغان ئىدىيەۋى يېتەكچىلىكنى سىجىل كۈچەيتىپ، ھەربىر ئائىلىدە بىردىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

كۆپ يىللىق كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى كۆپ ساندىكى كەنت ئاھالىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ كالا، قويلىرىنى قويۇپ قويۇشقا ئامالسىز قالدۇردى. شۇڭا، قاپقا كەنتى 14 بىرلەشمە چارۋىچىلىق كوپىراتىپى قۇرۇپ، چەكلىك چارۋىنى بىرلەشتۈرۈپ، تۈجۈپىلەشكەن باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، 540 كەنت ئاھالىسىنى نەپكە ئېرىشتۈردى. چارۋىچىلىقتىن بوشانغان ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىمۇ خاتىرجەم سىرتقا چىقىپ ئىشلىدى ياكى ئۆز جايىدا «كەسىپ ئالماشتۇردى».

«بىز مەركەزلىك تەربىيەلەش، بېيىش باشلامچىلىرىنى تىكلەش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق نامرات ئاھالىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىپ، ‹مېنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇر›نى ‹مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلىمەن›گە ئۆزگەرتىپ، كەسىپ تەرەققىياتى ۋە يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش يولىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدەشكە ئىلھاملاندۇرىمىز» دېدى سادىق.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، سىدىق يېڭى تۇرمۇش شەكلىگە ئۈزلۈكسىز ماسلاشتى. مەسىلەن، يورۇتۇش شام يېقىشتىن تېگىشمە ئېلېكتىرلىك كەيگۈەنگە ئۆزگىرىپ، ئەسلىدىكى قامچا تۇتىدىغان قوللاردا ھازىر ئەتۇركە، ئۈشكە تۇرىدىغان بولدى... بىر ئائىلە كىشىلىرى تاغدىن چۈشكەندىن كېيىن، سىدىق ئۆيىدىكى قويلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشمە چارۋىچىلىق كوپىراتىپىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ھېچنېمىدىن غەم يېمەي، يىل ئاخىرىدا پايدا تەقسىماتىنى ساقلاپ ئولتۇرسىلا بولىدىغان بولدى.

قوي - كالا ئارىسىدىن ئازاد بولغان سىدىق بۇنىڭلىق بىلەن بىكار يۈرمىدى. «تاغدىن كۆچۈپ چۈشۈپ، يېڭى ئۆيگە كەلدۇق، بىزنىڭ ئىدىيەمىز ۋە نەزەر دائىرىمىز ئېچىلدى، ئىشقا ئورۇنلاشقاندىلا مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولغىلى، ياخشى كۈن كەچۈرگىلى بولىدىكەن».

ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سىدىق سىلۇ جىيايۈەن مەھەللىسى تەشكىللىگەن كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشكە قاتنىشىپ، ئۆي بېزەش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى ھەم ناھىيە بازىرىدىكى بىر بېزەكچىلىك شىركىتىدە ئىشلىدى، ئايلىق كىرىمى 2000 يۈەندىن كۆپرەك بولدى.

«ئەگەر باشقا جايغا كۆچمىگەن بولساق، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى يەنىلا تاغدا ‹چۈرگىلەپ› يۈرگەن بولاتتۇق.» سىدىق قىزىقچىلىق قىلىپ مۇنداق دېدى: «ھازىر پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كىرىمى بار، خوتۇنۇم ئاشخانىدا ئىشلەمچىلىك قىلىدۇ، بالام ئورمان مۇھاپىزەتچىسى بولدى، بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىمىزدا چاتاق يوق. يەنە بىر مەزگىل ئۆتسە، مەن تېخى بېيىش باشلامچىسى بولۇپ قالىمەنمۇ تېخى!»

ھازىر قاپقا كەنتى كەسىپ تەرەققىياتى ئارقىلىق 93 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، 105 كىشىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

## يېڭى كەسىپ، يېڭى تاماق قاچىسى

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 9دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئىش باشلاشقا يەنە يېرىم سائەت ۋاقىت قالغان بولۇپ، ئاقىلئاي مۇرات سىلۇ جىيايۈەن يېنىغا جايلاشقان ئاقتۇ جۇڭيىنتۇڭ ئېلېكترون پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ زاۋۇت ئۆيىگە كېلىپ ئىشقا چۈشتى.

بۇ، ئۇنىڭ تەربىيەلەشنى تۈگەتكەندىن كېيىن رەسمىي ئىش ئورنىغا چىققان تۇنجى كۈنى ئىدى. ھاياجانلانغانلىقتىن ئالدىنقى كۈنى كەچتە ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى.

سىلۇ جىيايۈەنگە كۆچۈپ كەلگەندىن بۇيان، ئاقىلئاي يۇرتداشلىرىنىڭ بىر - بىرلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولى تاپقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ تېخىچە بىكار يۈرۈۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى ئىنتايىن تىت - تىت بولدى. ئۇ سادىقنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئىشلەمچىلىك قىلىش ئويى بارلىقىنى ئېيتتى. «كەنت يېڭى كەسىپلەرنى كىرگۈزۈۋاتىدۇ، ئالدىرىماي تۇرۇڭ، ئاز قالدى» دېدى سادىق ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

بۇلتۇر 9 - ئايدا، ئاقتۇ جۇڭيىنتۇڭ ئېلېكترون پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى زاۋۇتنى سىلۇ جىيايۈەن ئولتۇراق رايونى ئەتراپىغا قۇرۇپ، سىلۇ جىيايۈەن ئولتۇراق رايونىدىكى 130دىن ئارتۇق ئاھالىنى زاۋۇتقا كىرىشكە جەلپ قىلدى. ئەپسۇس، ئاقىلئاينىڭ ئۆيىدە ئىشى چىقىپ قېلىپ، تۇنجى تۈركۈمدە زاۋۇتقا كىرىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويدى. بۇ يىلنىڭ بېشىدا، يېڭى تېپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى ھەم زاۋۇتتا ئىش توختاشقا ئۇلگۇرۇپ قالدى. «زاۋۇت باشلىقى، ماڭا ئاۋۋال بىر يۇرۇش زاپچاس بەرگەن بولسىڭىز، مەن ئۆيگە ئاپىرىپ قانداق قۇراشتۇرۇشنى ئۆگىنىپ تۇرسام بولامدۇ؟» «چاتاق يوق، قانداق ئىش بولسا تېلېفوندا ئالاقىلىشايلى.» زاۋۇت باشلىقى شيې سۇڭدې زاۋۇتقا تەربىيەلىنىشكە كەلگىنىگە ئۇزاق بولمىغان بۇ قىزنى ئېسىدە تۇتۇۋالدى.

كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشگە ئەگىشىپ، ئاقىلئاي ئاخىرى ئارزۇسى بويىچە زاۋۇتقا كىرىپ ئىشلىدى. بىر يۈرۈش زاپچاسلارنى قۇراشتۇرغاندىكى سۈرئىتى مەلكىلىك ئىشچىلارنىڭكىگە يېتىشۋالاي دەپ قالغانىدى، شيې سۇڭدې بۇنىڭغا قاراپ خېلى كۆپ سەرپ قىپتۇ دەپ قاردى، مۇشۇ سۈرئەت بويىچە ھېسابلىغاندا، ئاقىلئاينىڭ ئىشچىلىققا رەسمىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، بىر ئايلىق كىرىمىنىڭ 2000 يۈەن بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى.

«كېيىنكى قەدەمدە شىركەت يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىپ، سىلۇ جىيايۈەن ھەم ئەتراپتىكى 1000دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ» دېدى شيې سۇڭدې.

«باشقا جايغا كۆچۈرۈشنى پۇرسەت بىلىپ، يېڭى كەسىپلەرنى كىرگۈزۈش ۋە يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق كۆچۈرۈلگەن خادىملار قىلىدىغانغا ئىش بولۇش، پۇل تاپالايدىغان بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.» سادىق مۇنداق دېدى: «بۇ يىلدىن بۇيان، بىز 3 - كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تاللا بازىرى، ئاشخانا، مېۋە - كۆكتات دۇكىنى، ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش - چاچ ياساش دۇكىنى تىجارىتى قىلىشقا ياكى بازارغا بېرىپ ئۇششاق تىجارەت قىلىشقا يېتەكلەپ، يامان ئەمەس نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق».

قاپقا كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى بۇسەلىمە ھاجىنىڭ ئوخشىغان لەڭمىنىنى بۈگۈنكى كۈندە ئولتۇراق رايوندىكى ھەممەيلەن بىلىپ كەتتى. نامرات ئائىلىلەرگە قارىتىلغان قوللاش سىياسىتىنىڭ پايدىسىدا، ئۇ بىر كۋادرات مېتىرى سەككىز يۈەن باھادا بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ، مەخسۇس لەڭمەن ئېتىپ ساتتى. تىجارىتى ياخشى بولغان چاغلاردا بىر كۈندە ئون خالتا ئۇننىمۇ يەتمىدى!

«ئىلگىرى ئاشخانا ئېچىش ئويۇم بولسىمۇ، بىراق شارائىت يوق ئىدى. ھازىر ياخشى بولدى، نامرات جايدىن كۆچۈپ چىقتۇق، يەنە ياخشى سىياسەتنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدۇق، ئەمدىلىكتە ئۆزىمىزنىڭ ئىش قىلىش ئىرادىمىزنىڭ بار - يوقلۇقىغا باغلىق بولۇپ قالدى.» بۇسەلىمە مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىزگە كۆڭۈل بولدى، ياردەم بەردى، بىزنى شارائىتى مۇشۇنداق ياخشى ئولتۇراق رايونغا كۆچۈرۈپ قويدى. بۇنى ئىلگىرى چۈشىمىزدىمۇ ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتۇق، بىز ئۆزىمىزمۇ غەيرەتكە كېلىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا تېزدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەيمىز».

(بېشى 1 - بەتتە)

«نۆۋەتتە، پۈتۈن كەنتتە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار797 ئادەمگە يېتىپ، ئەمگەك ئىقتىدارى بار ئائىلىلەردە ئاز دېگەندە بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئىلگىرى پۈتۈن كەنتتىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى چەكلىگەن قىيىنچىلىقلار ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى».

«قىيىن ئۆتكەلنىڭ قىيىنىغا ھۇجۇم قىلىشتا ‹دەل جايىدا بولۇش› باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈلۈشى كېرەك.» ۋاڭ يۈمەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ۋۇشىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشتا تەربىيەلەش مەزمۇنىنى ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، «تەربىيەلەش مەزمۇنىنى ئاما ياقتۇرماسلىق، ئاما ياقتۇرغاننى تەربىيەلىمەسلىك»تەك ئۈنۈمسىز ۋەزىيەتتە بۇرۇلۇش بولدى. تەربىيەلەشنى تۇتۇش ئارقىلىق ئاممىنىڭ ماھارەت سەۋىيەسى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش رىقابەت كۈچى ئۆستۈرۈلدى، كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق يېتەرلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىندى. بىر قاتار تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىدە دىققەت «دەل جايىدا بولۇش» دېگەن سۆزگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، بىر قىسىم كونا مەسىلىلەر قايتا - قايتا ئائىلىلەرگە كىرىش، تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش داۋامىدا ھەل قىلىندى.

ۋەكىللەر، ئەزالار ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا توختالدى ——

## مەيلى قانداقلا «ھەيدەكچىلىك» قىلىنسۇن، مۇھىم نۇقتا يەنىلا «جەڭ» قىلىشتا

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ۋۇشىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، مەيلى قانداقلا ‹ھەيدەكچىلىك› قىلىنسۇن، مۇھىم نۇقتا يەنىلا ‹جەڭ› قىلىشتا.» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى لى بىن مۇنداق دېدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ھەم سانغا قاراش كېرەك، تېخىمۇ مۇھىمى سۈپەتكە قاراش كېرەك، ۋۇشىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش كۈچىنى پۇختىلاش، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش، خىزمەت ئۇسۇلىنى ئەلالاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئاساسلىق تۇتقا قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدىكى كەمتۈكلۈك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

«نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىش ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، بەلكى يېڭى مۇساپىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى.» لى بىن مۇنداق قاردى: ۋۇشىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇشتا، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ھەقىقىي قول سېلىپ، قىيىنغا تېگىش قىلىپ «ھەيدەكچىلىك قىلىپ»، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ «جەڭ قىلىپ»، ھەقىقىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ نامرات ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق ھەم تاشقى جەھەتتىن «قان بېرىش»نى كۈچەيتىش، تېخىمۇ مۇھىمى ئىچكى جەھەتتىن «قان ئىشلەش»نى قوزغىتىش، بۇنىڭ بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

## كەشتە تىكىش گۈمپىسنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ۋۇشىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى پۇختا تۇتۇش

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى قورغانغا ھۇجۇم قىلىشتا، كەشتە تىكىش گۈمپىسنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ۋۇشىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى پۇختا تۇتۇشقا تېخىمۇ توغرا كېلىدۇ.» شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ئىلزات زادە مۇنداق دېدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتىدە چىشنى چىڭ چىشلەپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئاخىرغىچە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

«جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشتا قاتتىق ئىستىل بولغاندىلا، ئاندىن ‹بەخت سۈرىتى›نى كەشتىلىگىلى بولىدۇ.» ئىلزات زادە مۇنداق قاردى: «ھەيدەكچىلىك» قىلىشتا ياخشى قوماندان بولۇش، «جەڭ» قىلىشتا ياخشى ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەردىن بولۇش كېرەك. ۋۇشىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش داۋامىدا بايقالغان مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئەستايىدىل ھەل قىلىپ، مەسىلىلەرنى ئىمكانقەدەر تېز تازىلاپ نۆللەشتۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىمكانقەدەر تېز ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىسنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاش جەريانىدا، ھازىرقى نەتىجىگىلا قارىماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى يىراق كەلگۈسى نەتىجە - ئۈنۈمگە قاراش كېرەك.

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشتا مەن قىلالايمەن ——

## «ئىش ئورنۇم بار بولدى، بۇ يىل چوقۇم نامراتلىقتىن قۇتۇلالايمەن»

بۇ يىل قارادۆۋە كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى مەتقۇربان ئابدۇراخمان بىلەن خوتۇنى تۇرمۇش شەكلىنى ئۆزگەرتتى. تېرىلغۇ يەر ۋە پارنىكنى ئوبوروت قىلغاندىن كېيىن، مەتقۇربان شۇ جايدىكى بىر توشقان باقمىچىلىق كارخانىسىدا تېخنىك بولدى، خوتۇنى باقمىچى بولدى.

«ۋۇشىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ناھايىتى ئەمەلىي بولدى، نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەر ھەل قىلىندى، بىزمۇ خىزمەت تاپتۇق.» 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، مەتقۇربان مۇنداق دېدى: تەربىيەلەش ۋە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، ئەر - خوتۇن ئىككىلىمىز يېڭى ماھارەت ئۆگەندۇق، كارخانىغا بېرىپ ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولدۇق.

ئىشقا ئورۇنلىشىش يولى كەمچىل بولغاچقا، بىر يىل بۇرۇن مەتقۇربان پەقەت پارچە - پۇرات ئىش قىلىپ كۈن كەچۈرەتتى، كىرىمى مۇقىم ئەمەس ئىدى. بۇ يىل، ئۇ كەنتتىكە كارخانىغا بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش ئويىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا پۇرسەتكە ئېرىشتى، بۇ ئۇنى بەكلا خۇشال قىلىۋەتتى.

«ئىش ئورنۇم بار بولدى، بۇ يىل چوقۇم نامراتلىقتىن قۇتۇلالايمەن.» مەتقۇربان يەنە خوتۇنى بىلەن بىر توشقان باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇپ، يۇرتداشلارنى يېتەكلەپ، بىللە پۇل تېپىپ، بىللە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلىدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

«بىز ئەتراپتا ساياھەت قىلىش، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇپ، بىر تۈركۈم خاسلىقى روشەن، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يېزا - كەنت ئىستىراھەت ساياھەت ئېسىل لىنىيەلىرىنى قېزىپ يېتىشتۈردۇق؛ بىر تۈركۈم يۇلتۇز دەرىجىلىك دېھقانلار ئارامگاھلىرى ۋە سۈپەتلىك ماركىلىق پۇقراۋى قونالغۇلارنى تونۇشتۇردۇق؛ ‹ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش+ساياھەت قىلىش› ‹ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش+تەتقىقات - ئۆگىنىش› ‹ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش+سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش - كۈتۈنۈش› ‹ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش+پۇقراۋى قونالغۇ› قاتارلىق چوڭقۇر يۇغۇرۇلغان ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش لىنىيە مەھسۇلاتلىرىنى يولغا قويۇپ، يېزا - كەنت ساياھەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنى بېيىتىپ، ئىستىراھەت يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا - كەنت ساياھەتچىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە يېتەكلەشنى تېزلەتتۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر گۈلى ئابلىم تونۇشتۇرۇپ.

ئىگىلىنىشچە، «1 - ماي» مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 4 مىليون 402 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 30.31% ئاشقان؛ ئىشقا ئاشۇرۇلغان ساياھەت كىرىمى 1 مىليارد 778 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكى 74.56%كە ئەسلىگە كېلىپ، ئەسلىگە كېلىش جەريانى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن ئېشىپ كەتكەن. شىنجاڭ ئىچىدىكى ساياھەت بازىرىنىڭ تېز جانلىنىشىنى ھەرقايسى جايلارنىڭ مول پائالىيەتلىرى ۋە ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئالتاي ۋىلايىتى «ئالتاينى ساياھەت قىلىدىغان ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش» بويىچە ئون چوڭ ئېتىبار بېرىش تەدبىرىنى ئېلان قىلدى، ساياھەت ئىستېمالىغا چېتىلىدىغان غىزالىنىش، قونالغۇ، يول يۈرۈش، ساياھەت قىلىش، مال سېتىۋېلىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەرگە 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ساياھەتچىلەرگە ئېتىبار بېرىش ۋە ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىشنى مۆلچەرلىدى؛ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ئىككى قارارغا بۆلۈپ پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلىنىپ 220 مىليون يۈەنلىك مەدەنىيەت ساياھەت ئىستېمال بېلىتى تارقىتىدۇ؛ بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ساياھەت ئېلېكترونلۇق ئىستېمال بېلىتى تارقىتىدۇ... نۆۋەتتە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار ئايروپىلان بېلىتى، ماي قاچىلاش، ئىشىك بېلىتى، ياتاق، يېمەك - ئىچمەك، مال سېتىۋېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، جەمئىي 500 مىليون يۈەنگە يېقىن ئىستېمال بېلىتى تارقىتىپ، بازار ئىستېمالىغا تۈرتكە بولدى.

ھەرقايسى جايلار دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئاساسىدا ساياھەت بازىرىنىڭ ئۆزگىرىش تەلپىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، ئەتراپ ساياھىتى، قىسقا مۇساپىلىك ساياھەت، شىنجاڭ ئىچى ساياھىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، 100دىن ئارتۇق ساياھەت لىنىيەسىنى يولغا قويدى، «شىنجاڭلىقلار شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش»، «شۇ جايدىكى كىشىلەر شۇ جاينى ساياھەت قىلىش» ئاساسى ئېقىمغا ئايلاندى. يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى يەنە گۈزەل يېزا - كەنت ئەتراپىدا ساياھەت قىلىش، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش، «جەنۇب - شىمال قەلبداش بولۇش. قول تۇتۇشۇپ بىللە سەپەر قىلىش» بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا تەشۋىق قىلىش، كېڭەيتىش قاتارلىق بىر قاتار پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ، شىنجاڭ ئىچى ساياھەتچىلىكىنىڭ جانلىنىشىغا سىجىل تۈرتكە بولىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياغزىجىياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)